

دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

ۋاكاكا بىلەن ئېشىنىڭ
ئۇچار بېلىقنىڭ ئۆزگىرىشى

# كۆرۈمسىز دېڭىز ئالۋاستىسى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

丑陋的大海怪：维吾尔文 / 黎程程编；玛尔江·吾买尔译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ.①丑… Ⅱ.①黎… ②玛… Ⅲ.①连环画－作品－中国－现代 Ⅳ.①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088972 号

丛 书 名　博士妈妈讲故事
书　　名　丑陋的大海怪
主　　编　黎程程
译　　者　玛尔江·吾买尔
责任编辑　努尔阿利亚·阿布都克里木
责任校对　买哈巴·铁外库
制　　版　乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880 mm × 1230 mm　1/24
印　　张　2
版　　次　2011 年 5 月 第 1 版
印　　次　2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价　58.00 元（全十册）

ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىللار ۋە بېلىجان، راكىلار سۇ ئوتىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىرنەچچە كىچىك بېلىقلارنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆزۈپ كېتىپ بارغۇدەك. ئۇلار بىر ياقتىن قېچىپ، بىر ياقتىن:

— قۇتقۇزۇڭلار!

— چاتاق بولدى، تېز قېچىڭلار، چوڭ ئالۋاستى كەلدى، — دەپ توۋلاپتۇ.



توپتىن چۈشۈپ قالغان بىر كىچىك قىزىل بېلىق بىر توپ بېلىقنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ:

— ھۇ، ھۇ، مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە يېتىشەلمەي قالدىم، — دەپ يىغلاپتىكەن، ئەيشىشى قورقىنىدىن كۆزىنى ئېتىۋېلىپ:

— ھەي، خەتەرلىك، تېز قاچ! — دەپتۇ. ۋاكاكا، قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى چىقىرىپ كىچىك قىزىل بېلىققا قولىنى شىلتىپ:

— ھوي، تېز بۇياققا كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغىن، — دەپتۇ.







كىچىك قىزىل بېلىق ئەمدى يوشۇرنۇپ تۇرىشىغا بىر ياۋۇز لەھەڭ ئۈزۈپ كېلىپ بىر ياقتىن قوغلىغاچ بىر ياقتىن ياسالمىلىق بىلەن:

— بېلىق، راك بۇرادەرلىرىم ئاستاراق ئۈزۈڭلارچۇ، بىز بىللە ئوينايلى، مەن سىلەرگە سېھىرگەرلىك قىلىپ بېرەي، — دەپ توۋلاپتۇ. كىچىك قىزىل بېلىق بىلەن بېلىجان، راكلار قورققىنىدىن داڭ قېتىپلا قاپتۇ.



لەھەڭ بىراقلارغا كەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەن دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىقىپتۇ. ۋاكاكا كىچىك قىزىل بېلىققا:

— سىڭلىم، بولدى يىغلىماڭ، لەھەڭ ئاللىبۇرۇنلا كەتتى، — دەپ تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، كىچىك قىزىل بېلىق يەنىلا:

— ھۇ، ھۇ، ھۇ، — دەپ يىغلاۋېرىپتۇ. ئەيشەمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قىزىل بېلىق سىڭلىم، بىز ئۈچار بېلىق توپىنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭايلى، — دەپتۇ. بېلىجان، راكلارمۇ تەڭلا:

— توغرا، بىللە ماڭايلى، ئۈچار بېلىق ئاكا، ھەدىلەر بەك ياخشى، — دېيىشىپتۇ.



كىچىك قىزىل بېلىق يىغىدىن توختاپ كۈلۈپ:

ــ بەك ياخشى بولدى، ــ دەپتۇ. بېلىجان، راكلار:

ــ غەلىبە قىلدۇق، ــ دەپ چاۋاك چېلىشىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋاكاكا تۈيۈقسىز:

ــ ئەمدى قاياققا قاراپ ماڭىمىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى تۆت ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن مەيۈسلەنگەن هالدا:

ــ چاتاق بولدى، بايا جېنىمىزنى ئېلىپ قېچىش بىلەن بولۇپ كېتىپ يولدىن ئېزىپ قاپتۇق، ــ دەپتۇ.



ۋاكاكا بىرئاز جىددىيلىشىپ:

ــ بولمىسا بىز ئۇچار بېلىق توپىنى بۆلۈنۈپ ئىزدەمدۇق ـ يا؟ ــ
دەپتىكەن، ئەيشىشى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ــ ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ! بىز يەنە ئېزىقىپ كەتسەك
قانداق قىلىمىز؟ــ دەپتۇ. بېلىجان، راكلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تەرەپ ـ
تەرەپتىن:

ــ ۋاي، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپ سۆزلەپلا كېتىپتۇ.



بۇ چاغدا:

— كىچىك دوستلار، نېمىشقا بۇنچىۋالا ئالاقىزەدە بولۇپ كەتتىڭلار، — دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ۋاكاكا ھەيرانلىق بىلەن تۆت ئەتراپقا قاراپ، ئىككى تال قوڭۇر رەڭلىك، قىياپىتى غەلىتە ھايۋاننىڭ دېڭىز تېگىدە دۈم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئۇستىمۇ-ئۇست تۇرىدىكەن، ئاستىدىكى بىرى سەل چوڭراق ئىكەن. ۋاكاكا:

— ھوي؟ بۇ يەردە ئىككى تال دېڭىز ئالۋاستىسى بار ئىكەنغۇ؟ ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىسا قانداق بولىدۇ! — دەپتۇ.



ئەيشىشى سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئاكا، ئۇلار دېگەن تاخپىئۇس، يەنە «تاقا شەكىللىك قىسقۇچپاقا» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. گەرچە قارىماققا قوڭغۇزغا ئوخشىسىمۇ، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تۈرىگە كىرىدۇ، — دەپتۇ. بىلىجان، راكلار:

— ئۇلار نېمىدېگەن كۆرۈمسىز - ھە، قارا كۆسەيگە ئوخشايدىكەن.

— شۇنداق، يەنە ئىنچىكە قۇيرۇقلىرى باركەن تېخى، بۇ قۇيرۇقلار ئۆرۈمە چاچقىلا ئوخشايدىكەن - ھە، — دەپ پىچىرلىشىپ كېتىپتۇ.



ۋاكاكا ئۇ ئىككى دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئەدەبسىزلىكىنى ھېس قىپتۇ ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىدىن ماختىنىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا:

ــ دېڭىز ئالۋاستىسى، دېڭىز ئالۋاستىسى، سىلەر ئەجەب كۆرۈمسىز ئىكەنسىلەر، بەدىنىڭلار يۇمىلاق، دۈمبەڭلەردە يەنە تېخى بالا يۇدۇۋاپسىلەر، ـ دەپتۇ. بېلىجان، راكلار:

ــ پاھ، ئۇچار بېلىق ئاكىنىڭ شېئىرى نېمىدېگەن قالتىس ـ ھە، ئۇنىڭ بەك تالانتى بار ئىكەن، ــ دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ.



چوڭراق كەلگەن تاخپيئۇس گەرچە ۋاكاكانىڭ بىلىمسىز ھەم ئەدەبسىزلىكىنى مەنسىتمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— بۇ كىچىك دوست ئەجەبمۇ قىزىق ئىكەن، بىز دېگەن ئەر - خوتۇن، ئانا - بالا ئەمەس، — دەپتۇ.



ۋاكاكا تېگىرقىغان هالدا:

هوي، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئادەتتە ئانىسى بالىسىنى يۇدۇيدىغان تۇرسا، ــ دەپ سوراپتۇ، بېلىجان، راكلارمۇ بۇنى چۈشىنەلمەي، ۋاكاكادىن:

ــ هە، بېلىقلار قانداقمۇ بالىسىنى يۇدىيەلىسۇن؟ مېنىڭ ئانام مېنى تۇغۇپلا كارى بولمىغانتىغۇ، ــ دەپ سوراپتۇ.



ۋاكاكا گەپنى خاتا قىلىپ قويغىنىغا، خىجىل بولۇپ
گەپنى يورغىلىتىپ:

ــ ھە، ھېلىقى، مەن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم... ــ
دەپ كېكەچلەپ كېتىپتۇ. ئەيشىشى بېلىق، راكلارنىڭ
سورىغان سوئاللىرىنىڭ دەل ئەجەللىك يېرىگە تەككەنلىكىنى
كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئىتتىكلا
گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىۋېتىپ، تاخپېئۇسقا:

ــ ئاكام «نېمىشقا ھەممە يەردە ئېرىقنى يۇدىۋېلىپ
يۈرىسىز؟» دېمەكچى، ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

— ھە توغرا، يولدىشىڭىز ناھايىتى ھۆرۈن ئوخشىمامدۇ، ئەجەبا تاماقنىمۇ يېگۈزۈپ قويامسىز؟ — دەپتۇ ۋاكاكا . بىلىق، راكلار ئۇنۇتقاق بولغاچقا، ئۇلارمۇ ۋاكاكاغا ئەگىشىپ تاخپىئۇسنى:

— ۋاي، ئۇيات، ئۇيات! ھۆرۈن جانىۋار، ئەجەبا ئۆزۈڭنىڭ پۇتى يوقمۇ؟ — دەپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ.





چوڭ تاخپىئۇس تىلىنى چايناپ:

— مەن سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئەسكى ئەمەس، بىز ئىنتايىن ئامراق ئەر - خوتۇنلار. بىز ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولغاندىن باشلاپ، مۇشۇنداق دائىم بىللە يۈرىمىز، بۇ قىل سىغمايدىغان يېقىن مۇناسىۋەت. كىشىلەر بىزگە ھەۋەس قىلىپ بىزنى «دېڭىز ئاستىدىكى ئاشىق - مەشۇقلار» دەپ ئاتىشىدۇ تېخى، — دەپتۇ.

بېلىق، راكلار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەي، تاخپىئۇسنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، مۇلاھىزە قىلىشىپ كېتىپتۇ.



ــ سىلەر نېمىشقا بۇنچە غەلىتە؟ سىلەرنىڭ
پۇتۇڭلار قەيەردە؟ ئاغزىڭلارچۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ
ۋاكاكا. بېلىق، راكلارمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ:
ــ توغرا، پۇتۇڭلار بولمىسا قانداق ماڭىسى
لەر؟ ئېغىزىڭلار بولمىسا تاماقنى قانداق يەيسى
لەر؟ ــ دەپ گەپ قىستۇرۇپتۇ.

ــ سىلەرنى قىسقۇچپاقىمىكىن دېسەك، سىلەرنىڭ چوڭ قىسقۇچۇڭلار يوق، سىلەرنى بېلىقمىكىن دېسەك، يا ئۈزەلمەيسىلەر، بۇ بەكمۇ غەلىتىلىكقۇ، ــ دەپتۇ ۋاكاكا. بېلىق، راكلار ۋاكاكانىڭ دەل ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلىرىنى دېگەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ــ شۇ، شۇ، سىلەر زادى قايسى تۈرگە كىرىسىلەر؟ ئۇچار بېلىق ئاكىلارنىڭ سىلەرنى «دېڭىز ئالۋاستىسى» دېيىشى بىكار ئەمەسكەندە، ــ دەپ توۋلاپتۇ.





— ئاكا، تاخپېئۇس دۇنيادىكى هايات قالغان ئەڭ قەدىمقى هايۋانلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ دېڭىزدىكى جانلىقلارنىڭ «تىرىك تاش قاتمىسى» دېگەن گۈزەل نامى بار، — دەپ گەپ قىستۇرۇپتۇ ئەيشىشى. بېلىق، راكلار بۇنى چۈشىنەلمەي، بىر- بىرىدىن «تېرىك تاش قاتما»نىڭ نېمىلىكىنى سورۇشتۇرۇپتۇ.



ئەيشىشى سەۋرچانلىق بىلەن كۆپچىلىككە:

ــ نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، گەرچە يەر شارىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغىنى بىلەن، تاخپىئۇستا ئازىراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى، ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئاپەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ تا هازىرغىچە هايات قالغان، شۇنىڭ ئۇچۇن تاخپىئۇس ئىنسانلارنىڭ دېڭىز- ئوكيان جانلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيالى هېسابلىنىدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.



— تاخپىئۇس ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان چوڭ ئوكيانىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ياشاپ كەلگەن، ھەر يىلى كۆپىيىش پەسلى كەلگەندىلا دېڭىز ساھىلىغا ئۈملەپ چىقىپ تۇخۇم چىقىرىدۇ. بۇنداق يىراقتىن كەلگەن مېھماننى بىز قىزغىن قارشى ئالساق توغرا بولىدۇ تېخى، — دەپتۇ ئەيشىشى ئۇلاپلا. بۇ چاغدا بېلىق راكلارنىڭ ھەممىسى ئالقىش ياڭرىتىپ:

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز! ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە، ئۇلارغىمۇ ئاسان ئەمەس، — دېيىشىپتۇ. تاخپىئۇسلار كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارغا توختىماي رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ۋاكاكا تاخپىئۇسنى ئايلىنىپ ئىككى قېتىم ئۈزۈپ چىقىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ نەزەر سالغاندىن كېيىن، يەنە:

— چىشى تاخپىئۇس ئەركەك تاخپىئۇسدىن چوڭراق بولغاندىن سىرت، يەنە قانداق پەرقلەر بار؟ — دەپ سوراپتۇ، بېلىق، راكلارمۇ ئاستاغىنە مۇلاھىزە قىلىشىپ:

— ھەئە، ئۇلار ھەقىقەتەن ئوخشىشىدىكەن.

— شۇنداق، ئۇلار ئوپمۇ ئوخشاش بولغاچقا ئايرىماق بەك تەس ئىكەن، — دېيىشىپتۇ.







تاخپيئوسلار پىچىرلىشىپ، تېزلىكتە ئۆرۈلۈپلا، قورسىقىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپتۇ.
چوڭ تاخپيئوس:

— قاراڭلار، بىزنىڭ ئېغىزىمىز باش - كۆكرىكىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېغىزىمىزدىكى قىسقۇچپاقنىڭكىگە ئوخشاش ئىككى تال كىچىك پۇتىمىز يېمەكلىك يېيىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت بىزنىڭ يەنە ئون تال پۇتىمىز بار بولۇپ، چىشىسىنىڭ ئالدىنقى تۆت پۇتىدا قىسقۇچ، ئەركىكىنىڭ ئالدىنقى پۇتىدا ئىلمەك بار، بۇ ئىلمەك چىشىسىنىڭ دۈمبىسىگە ناهايىتى ئاسانلا ئىلىنىدۇ، كۆكرەك قىسمىنىڭ تۇتاشقان جايىدا پارچە-پارچە پالاققا ئوخشاش قورساق مۇسكۇلى ئۆسكەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۈزىمىز ۋە نەپەس ئالىمىز، قۇيرۇقىمىز ئۆتكۈر قىلىچقا ئوخشاش بولۇپ، بۇ بىزنىڭ مۇداپىئە قورالىمىز، — دەپتۇ.



ۋاكاكا يەنىلا ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ:

— سىلەر كۆرۈمسىزلا بولۇپ قالماستىن كۆپىيىش ئۇسۇلۇڭلارمۇ بەك غەلىتە ئىكەن ـ ھە، ئېغىزىڭلار قانداقسىگە پۇتۇڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولىدۇ؟ مەن نەپەس ئالىدىغان ساقاقنىڭ يەنە سۇ ئۈزۈشكە ئىشلىتىدىغانلىقىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان، — دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ تەڭ ئەگىشىپ:

— ھا، ھا، ھا، نېمىدېگەن قىزىقارلىق ـ ھە، ئەجەپ غەلىتىلىكقۇ، بۇ ـ دەپتۇ.

ئەيشىشى قولىنى شىلتىپ، ۋاكاكا ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبسىزلىكىنى تۇسۇپ:

— كۆپچىلىك ، دوستىمىزنى بۇنداق دېمەيلىچۇ، تاخپىئۇس ئەڭ قەدىمكى جانىۋار، ئۇلاردا نۇرغۇنلىغان كارامەتلەر بار، — دەپتۇ. ۋاكاكا بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن هالدا:

— ياخشىغۇ، ئەمىسە ئېيتىپ باققىن، ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ.





تاخپېئۇسلار بەدىنىنى ئۆرگەندىن كېيىن، چىشى تاخپېئۇس

— قاراڭلار، بىزنىڭ تۆت كۆزىمىز بار تېخى، — دەپتۇ. ۋاكاكا بۇ گەپكە قىزىقىپ:

— هە! تۆت كۆز؟ ئەجەبا سىلەرمۇ كۆزەينەك تاقاشقا موهتاجمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، ئاغرىنغان هالدا:

— ئاكا قارا ساڭا، بۇ گېپىڭ ئادەمنىڭ بۇرنىنى ئەجەبمۇ چۇشۇردى، — دەپتۇ.



چىشى تاخپىيئۇس داۋاملىق چۈشەندۈرۈپ:

— ئالدىغا ئۆسكەن بىر جۈپ كۆز ئۈلترا بىنەپشە نۇرغا نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، بىز ئۇلار ئارقىلىق يورۇقلۇقنى پەرق ئېتىمىز، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ:

— ئەجەب كىچىك ئىكەنغۇ، سىنچىلاپ قارىمىسا كۆرگىلى بولمايدىكەن، يېقىن تۇرۇپ قارىغاندا خۇددى ئالغاي كۆزگىلا ئوخشايدىكەن، ھى، ھى، — دەپ پىچىرلىشىپ كېتىپتۇ.

— باش، كۆكرەكنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆسكەن بۇ ئىككى كۆز مۇرەككەپ كۆز بولىدۇ، — دەپتۇ چېشى تاخپىئۇس. بېلىق، راكلار يەنە:
— ئىككى كۆزۈڭلارنىڭ ئارىلىقى نېمىشقا شۇنچىۋالا يىراقتا؟ — دەپ سوراپ كېتىپتۇ.



ــ مۆرەككەپ كۆز دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق رولى بار؟ ــ دەپ سوراپتۇ ۋاكاكا قىزىقىپ. چىشى تاخپىئۇس:

ــ مۆرەككەپ كۆز نۇرغۇنلىغان كىچىك كۆزلەردىن بىرىككەن كۆز. قارا كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ، نىشان بايقالغاندا كۆز چانىقىمىز چوڭىيىپ، جىسىملارنىڭ سىيماسى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بېلىق، راكلار ئاخىرى چۈشىنىپ، قايىل بولغان هالدا:

ــ ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! ــ دەپتۇ.



— ئاڭلىشىمچە نۇرغۇنلىغان ھاشاراتلەردە مۇرەككەپ كۆز بولىدىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى. چىشى تاخپىئۇس كۆزىنى چوڭقايتىپ، ئىپتىخارلانغان ھالدا:

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان، گەرچە ھاشارەتلەر ھەرىكەتچان جىسىملارغا نىسبەتەن سەزگۈر بولسىمۇ، كۆپ قىسمى كۆز ئالدىدىكىنى كۆرىدۇ، يەنە كېلىپ كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى ئەمەس، ئۇلارنىڭ نەرىمۇ بىزگە يېتەلىسۇن، — دەپتۇ.





ئەيشىشى ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ:

— سىلەر نېمىدېگەن قالتىس - ھە! — دەپتىكەن، چىشى تاخپىئۇس تېخىمۇ كۆرەڭلەپ:

— ئاڭلىشىمچە، ئىنسانلار بىزنىڭ مۇرەككەپ كۆزىمىزنىڭ پىرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ، تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ سۇزۇكلۇك دەرىجىسىنى ۋە رادار كۆرسەتمىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار يەنە بەس - بەستە:

— تېلېۋىزور؟ رادار؟ ئۇلار قانداق نەرسە؟ — دەپ [illegible]شىپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا، يېنىدا تۇرۇپ باشتىن ئاخىر گەپ قىستۇرمىغان ئەركەك تاخپىئۇس:

— بىزنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىمىز پۈتۈن دۇنيا، ياق پۈتۈن كائىنات بويىچە ئىنتايىن مۇكەممەل تۈزۈلگەن، — دەپتۇ. چىشى تاخپىئۇس بۇ قاراشقا قوشۇلۇپ:

— ھەئە، بىزنىڭ ھاياتىي كۈچىمىز قىسقۇچپاقىدىنمۇ كۈچلۈك. سۇدىن ئايرىلىپ، قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ قالساقمۇ ئون نەچچە كۈن ياشىيالايمىز، تېخى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بېلىق، راكلار:

— پاھ، بۇ نېمىدېگەن قالتىس، ھە! بىز سۇدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايمىز، — دەپ ئۇلارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ.





چىشى تاخپىئۇس كۆپچىلىكنىڭ ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئىپتىخارلانغان هالدا:

— شۇڭلاشقا بىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دېڭىزدا ياشاپ كەلگەندە، — دەپتۇ. ئەركەك تاخپىئۇسنىڭ مىجەز - خۇلقى چىشى تاخپىئۇسنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ ئاچچىقلىنىپتۇ ھەمدە تۆت كۆزى بىلەن ھەممەيلەنگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قوپال ئاۋازدا:

— بايا كىم بىزنى مەسخىرە قىلدى؟ ھە قېنى بۇ ياققا چىقىپ باققىنە! — دەپتۇ.

ۋاكاكا ئەركەك تاخپىئۇسنىڭ تەھدىتىدىن قورقماستىن، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ئۇنى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە:

ــ سىلەر شۇنداق ئەقىللىق ھەم كۈچلۈك، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر ھەممە يەردە بولۇشۇڭلار كېرەك ئىدى، بىراق مەن نېمىشقا سىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان؟ ــ دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ ئۇلارغا تەڭ ئەگىشىپ:

ــ ھە، توغرا، نېمىشقا بىزمۇ سىلەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ــ دەپتۇ.





چىشى تاخپىئۇس توساتتىنلا يۇقىرى ئاۋازدا: «هۇ، هۇ، هۇ، هۇ»، ــ دەپ يىغلاپتۇ. ئەيشىشى ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ گەپمۇ قىلالماي، ناهايىتى ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن:

ــ تاخپىئۇس هەدە، سىز نېمىشقا بۇنچە ئازابلىنىسىز، ئاكام گەپنى خاتا قىلىپ قويدىمۇ، قانداق؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

چىشى تاخپىئۇس بېشىنى چايقاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ قوزىچىقىمىز تۇخۇمنىڭ ئىچىدە قىرىق - ئەللىك كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يېتىلىدۇ. ئۇلار قىسقۇچپاقىغا ئوخشاش، تېنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ھەر قېتىمدا پوست تاشلايدۇ، بۇ ئۇزۇن ھەم جاپالىق بىر جەريان بولۇپ، بىرنەچچە ئەتىياز ۋە كۈزلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەندە، ئاندىن باشمالتاقچىلىق چوڭىيىپ چوڭ تاخپىئۇسقا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون بەش يىلدىن كېيىن ئاندىن دادا، ئانا بولۇشقا سالاھىيىتىمىز بولىدۇ، — دەپتۇ.



— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بىزنىڭ ئاۋارچىلىقىمىز ھەممىدىن تولا تېخى، تاپشۇرۇق ئىشلەيمىز، مۇزىكا چېلىشنى، رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىمىز، بۇلار بەكمۇ زېرىكىشلىك، — دەپتۇ ۋاكاكا. بۇنى چۈشىنەلمىگەن بېلىق، راكلار پىچىرلىشىپ:

— ھە، مەكتەپ؟ تاپشۇرۇق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىتتىكلا ۋاكاكاغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ:

— ئاكا، سەن نېمىشقا يەنە گالۋاڭلىق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.



چىشى تاخپىئۇس ئەيشىشىنىڭ جىددىيلەشكىنىگە دىققەت قىلماي، سەۋرىچانلىق بىلەن:

— كۆپىيىش مەزگىلى ئۇزۇن بولۇش ھېچقانچە ئىش ئەمەس، بىز يەنىلا ئىنتايىن ياخشى ياشاپ كېلىۋاتىمىزغۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. چىشى تاخپىئۇسنىڭ گېپى تۈگىمەستىن، قەرىپى تاشقان ئەركەك تاخپىئۇس ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي گەپ قىستۇرۇپ:

— ھىم، ئەڭ يىرگىنىچلىك بولغىنى ئىنسانلار، ئۇلار بىزنىڭ كۆك رەڭلىك قان سۈيۇقلۇقىمىزدىن بىر خىل زەھەرلىك ماددىنى ئۆلچەپ تەكشۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىۋالغاندىن بۇيان، بىزنى بەكلا نەس باستى، — دەپتۇ.





— هوي، بىزنىڭ قېنىمىز قىزىل رەڭدە، سىلەرنىڭ نېمىشقا كۆك رەڭدە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋاكاكا، تاخپىئۇس بىردىنلا ۋاكاكانىڭ سوئالىدىن قىيىلىنىپ قېلىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ گەپ قىلالماي قاپتۇ. ئەيشىشى گەپتىن ئەگىپ ئۆتۈپ:

— بۇنى مەن بىلمەن، قان سۇيۇقلۇقىدا مىس ئىئونى بولسا كۆك رەڭدە، تۆمۈر ئىئونى بولسا قىزىل رەڭدە بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.



ئەركەك تاخپىئۇس ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئويلىغانسېرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاچچىقى كېلىپ:

— ئىنسانلار بىزنىڭ قېنىمىزنى ئېلىپلا قالماستىن، يەنە بىزنى تاماق ئۇستىلىگە تىزدى، شۇ سەۋەبتىن تاخپىئۇسلار يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى، — دەپتۇ. بېلىق راكلار تاخپىئۇسلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋايىم يەپ:

— ھە؟ نېمىدېگەن قەبىھ!

— ئاھ! سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق-ھە، — دەپتۇ.

ئەركەك تاخپىئۇس ئۇچلۇق قۇيرۇقلىرىنى تىك قىلىپ ئىككى ياققا ئوينىتىپ، سوغۇق كۇلگەن هالدا:

— «هىم، هىم، ئەگەر ماڭا ئىنسانلار ئۇچراپ قالسا، گەپمۇ قىلماي چىقىپلا بىر خەنجەر تىقىپ، ئۇلارغا يامانلىقىمنى تېتىتىپ قويىمەن، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ:

— توغرا، تىقىش كېرەك، ئىنسانلار ھەممىدىن بەك نەپسانىيەتچىسى ، — دەپتۇ.



— ئۇنداق ئەمەسقۇ، ئىنسانلارنىڭمۇ ياخشىسى بىلەن يامىنى بولىدىغۇ، دەپتۇ ۋاكاكا قولىنى پۇلاڭلىتىپ. ئەركەك تاخپىئۇس ئاچچىقلانغىنىچە ۋاكاكادىن:

— سەن نېمىشقا ئۇ ئەبلەخلەر ئۈچۈن گەپ قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ، ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ ئاغزىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ، كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— ئاكا بولدى گەپ قىلماڭ، كەچ كىرىپ كەتتى، بىز دەرھال چوڭ توپقا يېتىشىۋالايلى، — دەپتۇ.





ئەيشىشى ۋاكاكانىڭ ئۇقۇشماي يەنە خاتا گەپ قىلىپ قويۇپ چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن قورقۇپ، قولىدىن تارتىپ يۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەركەك تاخپىئۇسنىڭ ئاچچىقى بېسىلماي، غەزەپ بىلەن:

— مېنىڭ بىر ئادەمنى تېپىش ئۇرۇشقۇم بار. قۇيرۇقۇمدىكى خەنجەرنىڭ ئۆتكۈر، ئۆتكۈر ئەمەسلىكىمنى كۆرسىتىپ قويغۇم بار، — دەپتىكەن، چىشى تاخپىئۇس:

— دادىسى، بولدى ئاچچىقلانماڭ، بىزمۇ كېتەيلى، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ۋاكاكا دەنىنى تاغىنىڭ ئۆيىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمغان، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا:

— ۋاي، چاتاق بولدى، — دەپ غۇدۇڭشىپتۇ، ئەيشىنشىمۇ جىددىي ھالدا:

— ئاكا، تېز قاچايلى! — دەپ ۋارقىراپتۇ، يېنىدا تۇرغان ئانىسى ھودۇقۇپ:

— ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەبمۇ ئادەمنى تىت - تىت قىلدى، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىپتۇ. دەنىنى تاغا ئۇلارنىڭ ئانىسىغا:

— ھودۇقماڭ، ئۇلارغا ھازىرچە ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.







ئانىسى تاقەتسىزلىنىپ دەننى تاغىغا:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، تېزدىن پىروگراممىنى تەڭشەڭ، — دەپتۇ.

دەننى تاغا راست گەپ قىلىپ:

— قىيىنچىلىق مەن ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر، لېكىن مەن مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالايمەن، — دەپتۇ، بۇ ۋاقىتتا، كومپيۇتېردىن «تىت، تىت» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ.





ئانىسى بىلەن دەننى تاغا تەڭلا بىرىپ قارىسا، ۋاكاكانىڭ چىرايىدىن ئازابلانغان ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئەيشىشى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كىچىك قوللىرىنى تۈگۈۋالغانىكەن، ئۇنىڭ ئانىسى جىددىيلىشىپ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ:

ــ ئاھ، قوزىچىقىم، سىلەرگە ھېچ ئىش بولمىغاندۇ؟ سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن، ــ دەپتۇ.

# تاخپېئۇس



تاخپېئۇسنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن غەلىتە، ئۇ ھەم راكقا ھەم قىسقۇچپاقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «تاقا شەكىللىك قىسقۇچپاقا» دەپمۇ ئاتايدۇ، تاخپېئۇس تۆت يۈز مىليون يىل ئىلگىرىلا دېڭىز - ئوكياندا ياشىغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ھايۋانلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى ياكى نەسلى قۇرىدى. پەقەت تاخپېئۇسلا تا ھازىرغا قەدەر ئەسلىدىكى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن، تاخپېئۇسنىڭ يەنە «تىرىك تاش قاتما» دېگەن نامى بار. كىشىلەرنىڭ قالايمىقان تۇتۇشى بىلەن، تاخپېئۇس نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى، ھەممىمىز ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، تاخپېئۇسنى قوغدايلى. ئۇنىڭدىن سىرت، تاخپېئۇسنىڭ زەھىرىدىن پەخەس بولۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىستېمال قىلمايلى!



## كېيىنكى قىسىم مەزمۇنى

« ‹ئۆلمەيدىغان› دېڭىز ئادەمگىياھى» ۋاكاكا ئاكا - سىڭىل ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى تەق - تۇرقى كۆرۈمسىز كىچىك دېڭىز ئادەمگىياھىغا ئۇچراپ قالىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ، لېكىن خەتەرلىك پەيتتە دېڭىز ئادەمگىياھى ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ پۈتۈن تېنى يۇمشاق، ئۇ سۇمۇ ئۈزەلمەيدۇ، سۈرئىتىمۇ ئاستا، ئۇنداقتا، ئۇ قايسى كارامىتىگە تايىنىپ دېڭىز ئاستىدىكى دوستلارنى قۇتقۇزۇپ قالغاندۇ؟ نېمىشقا دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ «ئۆلمەس» دېگەن نامى بار؟





بىلىم ـــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم ـ پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.




**مەجمۇئە نامى:** دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

**كىتاب نامى:** كۆرۈمسىز دېڭىز ئالۋاستىسى

**تۈزگۈچى:** لى چېڭچېڭ

**تەرجىمە قىلغۇچى:** مارجان ئۆمەر

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

**مەسئۇل كوررېكتورى:** مەرھابا تەۋەككۇل

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880mm × 1230mm    1/24

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1357-5

**ئومۇمىي باھاسى:** 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

5.80

ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价:58.00 元（全十册）